# 21270 ـ كەبنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا مەزى چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۆمرە ئىبادىتى قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

بىر كىشى توي قىلغاندىن كېيىن ئۆمرە قىلدى، ئۇ كىشىدىن مەزىي كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئالدى، تاھارەتتىن كېيىن يەنە مەزىي چىقتى، ئاندىن يەنە تاھارەت ئالدى، تاھارەتتىن كېيىن يەنە مەزىي چىقتى، زۆرۈرەت ئېتىبارى بىلەن ئۇ كىشى شۇ ھالەتتە تاۋاپ ۋە ساپا ـ مەرۋە قىلىپ ئۆمرە ئىبادىتىنى تامام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يۇرتىغا قايتىپ ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتە بولدى. بۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشى توغرا بولامدۇ؟. ئاللاھ سىلەرگە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە، مەزى نىجىس(پاسكىنا) بولۇپ، ئۇ، تاھارەتنى بۇزىدۇ، لېكىن توختىماي چېقىۋەرسە بۇنىڭ ھۆكمىمۇ ئىزچىل سىيدۈك تېمىش كېسىلىگە ۋە خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئاياللارغا بېرىلىدىغان ھۆكۈمگە ئوخشاشتۇر. مۇسۇلمان كىشى مۇشۇنداق ھالەتتە كەبنى تاۋاپ قىلماقچى بولسا، مەزىي چىقىپ بەدىنى ۋە كىيىمىگە تاراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەۋرىتىگە مەزىينىڭ سىرتقا تارىشىنى توسىدىغان قېلىن بىر نەرسىلەرنى قويىۋالىدۇ، شۇ ھالەتتە تاۋاپ قىلىدۇ ۋە نامازنى ئادا قىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان تاۋاپى توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى بولسا، كىيىمى ياكى بەدىنىگە نىجاسەت يۇقۇپ قىلىپ، ئېسىدە يوق شۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنداق ھالەتتە ئوقۇغان نامازمۇ دۇرۇس بولىدۇ، ئۇنتۇپ قالغۇچى ھۆكۈمدە بىلمىگەن كىشىگە ئوخشاشتۇر. [شەيخ ئابدۇل كەرىم خۇزەير].

مەزىينىڭ تەكرار چىقىشىنىڭ سەۋەبى بولسا چوقۇم بىر كېسەللىكتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ھۆكمى ئېنىق بولدى، بەزى ۋاقىتتا ئايال بىلەن سۆركىلىشىپ تۇرغاندا، شەھۋىتى قوزغالغاندا ۋە ياكى جىنسى مۇناسىۋەتنى خىيال قىلغاندىمۇ مەزىي چىقىپ كېتىدۇ.

مۇسۇلمان بۇنداق ئوي ـ پىكىرلەردىن بەك ھەزەر قىلىشى لازىم، بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئاللاھدىن قورقۇپ، تەقۋا بولۇپ، مەزىي چىقىپ كېتىشكە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.